# رامزان ئېيىنىڭ بېشىغا بىر ياكى ئىككى كۈننى ئۇلاپ روزا تۇتماڭلار! ئەمما نورمالدا مەلۇم كۈنلەردە روزا تۇتۇشنى ئادەت قىلغان ئادەم تۇتسا بولىدۇ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: رامزان ئېيىنىڭ بېشىغا بىر ياكى ئىككى كۈننى ئۇلاپ روزا تۇتماڭلار! ئەمما نورمالدا مەلۇم كۈنلەردە روزا تۇتۇشنى ئادەت قىلغان كىشى روزا تۇتسا بولىدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان ئېيىنىڭ بېشىغا بىر ياكى ئىككى كۈننى ئۇلاپ تۇتۇشنى چەكلىگەنلىكىنى، ئەمما نورمالدا دۈشەنبە كۈنى دېگەندەك مەلۇم كۈنلەردە روزا تۇتۇشنى ئادەت قىلغان كىشىنىڭ روزىسى رامىزاننىڭ بىرەر ئىككى كۈن ئالدىغا ئۇدۇل كېلىپ قالسا، بۇنداق ھالدا ھېچقىسى يوق، چۈنكى ئىبادەتتىن ئەمەس ئىشنى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت چەكلەنگەن ئىش يۈز بەرمىگەن بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ. تەنبىھۇل ئەفھام (3- توم،413- بەت)، تەيسىيرىل ئەللام (313- بەت)، تەئسىسۇل ئەھكام (3- توم، 210- بەت)

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4508

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee